

رەسملك ئۇيغۇر خەلق مەسەللرى (4)

# بۆرە بلەن ئیشەك

تەييارلغۇچى: ماھنۇر ئۇيغۇر

UYGUR.COM



بىر ئېشەك ئېدىرلىقتا ئوتلاۋاتسا،
ئاچ قالغان بىر بۆرە كېلىپ قاپتۇ.



ـ ئوهوي! خويمۇ ئۇچراشتلڭ ـ دەپتۇ بۆره ئېشەككە قاراپ
ـ نەچچە كۈندىن بېرى سېنى ئىزدەپ يۈرەتتىم.



ـ مېنى نېمە قىلاتتىڭ؟ ـ دەپ
سوراپتۇ ئېشەك بۆرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ



ـ سېنڭ گۆشۉڭ ماڠا دورا بولۇپ قالدى،
رازى بول! ـ دەپتۇ بۆره.

يىراق يېقىندا قۇتقۇزىۋالدىغان ئادەم يوقلۇقىنى
بىلگەن ئېشەك ۋارقىرىيالماي كۆزىدىن ياش تۆكۈپ:

- ۋاي ئېسىت! ۋاي ئېسىت! دەپ نالە قىلىپتۇ.




ـ هە، نێمگە ڤاي ئێست دەیسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ بۆرە.

ۋاي جان دوستۇم، ـ دەپتۇ ئېشەك،
ـ مەرھۇم ئاتام ھايات ۋاقتىدا
پۇتۇمنىڭ تۇۋىغى ئاستىدىكى
بوشلۇققا بىر قارا خەت پۈتۈپ قويغان
ئىدى.





ئۆلۈمم ئالدىدا شۇنى بىر ئوقۇپ
بەرسەڭ، سەندىن ئۇدۇنيا ـ بۇدۇنيا
رازى بولاتتىم.



ـ بەربر سێنی یەیمەنغوٚ، بوپتوٚ، ئوقوٚپ بەرسەم بێرەي، قێنی کۆرسەت! ـ دەپتوٚ بۆرە.

ئۇ ئېڭىشىپ يېقىن كېلىشىگە ئېشەك راسا كۆچەپ بۆرىنىڭ
قۇلاق تۈۋىگە قاملاشتۇرۇپ بىر تەپكەن ئىكەن...





بۆره تىك موللاق چۈشۈپ جان تالىشىپتۇ
ۋە مۇنۇ بپيستنى ئۇقۇپ جان ئۈزۈپتۇ.



ئاتام ئوقۇمغان قارا خەتنى،

ئانام ئوقۇمغان قارا خەتنى؛

ئوقۇيمەن دەپ بكار تاپتم،

جېنمغا توختغان دەرتنى.

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك بالىلار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com